# ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، قايتا سەپەرگە ئاتلىنىش
# بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

باش تېما تەربىيەسىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» ئومۇمىي تەلپى بويىچە، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ باش تېما تەربىيەسىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

## يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىش

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچنى چوڭقۇر شەرھلەپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا قارىتا ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى خۇددى جەڭگە ئاتلىنىش بۇيرۇقىغا ئوخشاش، باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭ پەردىسىنى ئاچتى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئاپتونوم رايون «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى سەپەرۋەر قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايوندىكى 1 - تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرغان تارماق، ئورۇنلارنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىرىنچى ۋاقىتتا سەپەرۋەرلىك، ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىپ، يەتكۈزۈش، ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى ھەم ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈرگە ئايرىپ تەتقىق قىلىپ تۈزدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئىرىشىپ ئالدىدا ماڭدى، ئۈلگە بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى باش تېما تەربىيەسىنى ئورگاننىڭ پارتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشى، «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلدىغان، خەلق ئاممىسى رازى بولىدىغان ئۈلگىلىك ئورگان» بەرپا قىلىش بىلەن بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى مەركەزلىك ئۆگىنىش بىلەن شەخسلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانى قاتارلىقلارنى مۇھاكىمە قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ئورگان چوڭ دەرسخانىسى» «ئورگان ئىشتىن سىرتقى پارتىيە مەكتىپى» ئېچىپ، ئەسلىي تېكىستنى پۇختا ئۆگىنىپ، قانۇنىيىتىنى چۈشەندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنى باش تېما تەربىيەسىنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ 2019 - يىللىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە كېڭەشش پىلانىنى تاماملاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەش ئورگان قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، لايىھەلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، باشلامچىلىق بىلەن پارتىيە دەرسى سۆزلەپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇپ، تىرىشىپ ياخشى باشلامچى بولۇپ، ئۈلگە بولۇپ، بەلگە بايرىقى تىكلەپ، باش تېما تەربىيەسى پائالىيىتىدە ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

## چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ھەقىقىي ئۆگىنىپ، ھەقىقىي ئىشىنىش

نەزەرىيە جەھەتتە سەگەك بولغاندىلا، ئاندىن سىياسىي جەھەتتە سەگەك بولغىلى بولىدۇ، نەزەرىيە جەھەتتە قەتئىي بولغاندىلا، ئاندىن سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولغىلى بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۆگىنىش - تەربىيەنى ياخشى تۇتۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ بىر قېتىملىق نەزەرىيە چوڭ ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كۆچەپ چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلدى، پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) بەنزە ئەزالىرى باشلامچى بولۇپ، بىر ھەپتىلىك مەركەزلىك ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، زۆرۈر ئوقۇشلۇق مۇندەرىجىسىنى بىر - بىرلەپ تۈزۈپ، مەخسۇس تېمىدا مۇھاكىمە قىلىپ، ئۆگىنىش ۋاستىسىنى كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئەسلىي ئەسەرنى تەكرار، چوڭقۇر ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشكە يېتەكلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئورگىنىنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ئۆگىنىش كۇرسىدا ئوقۇش باشلاندى، تەشكىلات بۆلۈمى ئورگىنىدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، سۆزمۇسۆز، جۈملىمۇجۈملە ئوقۇپ، كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈپ ئۆگىنىپ، تېيىزلىقتىن چوڭقۇر ئۆزلەشتۈردى ھەم ئۆگىنىش داۋامىدا مەسىلىلەرنى رەتلەپ، كۆپچىلىكنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، «سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئادىللىقنى ياقلايدىغان، كەسپتە پىشقان، ئىستىلى ياخشى» تەشكىلات خىزمىتى كادىرلىرىدىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتى «شى جىنپىڭنىڭ ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما» «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش تېزىسى» قاتارلىق كىتابلارنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى قوللىنىپ كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە ياچېيكىسىنى بىرلىك قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئەسلىي ئەسەرنى ئۆگىنىپ، ھەقىقىي كۆڭۈل قويۇپ باشتىن - ئاخىرغىچە ئوقۇپ چىقىشى، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشنى ئايدىڭلاشتۇردى.

ئىلغار تىپلارنىڭ ئۈلگىلىك، يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئۆز سىستېمىسىدىكى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار شەخسلەردىن ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئەترىتىدىكى قەھرىمان - نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىشتە ئۈلگە بولۇش، ھەرىكەتتە يۈنىلىش بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئېتىقادنى چىڭىتىشنى ئۆگىنىپ چىقىش، مۇتلەق سادىق بولۇشنى ئۆگىنىپ چىقىش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى ئۆگىنىپ چىقىش. ھەرخىل شەكىلدىكى ئۆگىنىش - تەربىيە ئارقىلىق كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەم قۇردى، مەنىۋى كالتسىيىنى يېتەرلىك تولۇقلىدى، ئىدىيە رولىنى چىڭ تۇتتى.

## مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇش ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى گەۋدىلەندۈرۈش

باش تېما تەربىيەسى «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» ئۆگىنىش - تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايوندىكى 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرغان تارماقلار، ئورۇنلار مەركەزنى چۆرىدەپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتتى، ماس ئەمەلىيلەشتۈردى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى دۆلەتنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سىستېمىلىق پىلانلاپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەردە يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزلەپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى كۆچەپ ھەل قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشلىرىنى تەشكىللەپ ياخشى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شىنجاڭنى سۆيىدىغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ تۆھپە قوشىدىغان سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈردى، ھەم باش تېما تەربىيەسىنى «ئۆچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە، ئۆگىنىش، تۇرمۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ۋاقتىدا ياردەم بېرىپ، تىرىشىپ خەلق رازى بولىدىغان مائارىپ بەرپا قىلدى.

## مەسىلىنى ھەل قىلىش ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىدىيە ۋە ھەرىكەت، شۇنداقلا باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسىغا سېلىشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا سېلىشتۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدەسىگە سېلىشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ئارزۇسىغا سېلىشتۇرۇپ، ئىلغار تىپ، ئەتراپتىكى ئۈلگىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، مەسىلىنى تېپىپ، پەرقنى تېپىپ، كەمتۈكلۈكنى تېپىپ، قاراتمىلىق ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ، مەسىلە تىزىملىكىنى تۈزۈپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش، خىزمەتلەرنى ياخشىلاش چارە - تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىرمۇبىر، تۈرمۇتۈر ياخشى تۇتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، نامراتلىق دەرىجىسى چوڭقۇر، خىزمەت ئاساسى ئاجىز جايلارغا بېرىپ نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان نۇقتىلىق خىزمەتلەر بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش داۋامىدا تەربىيەگە ئىگە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى كۈچەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى ئاساسىي قاتلام پونكىت، ئورۇنلىرىدىكى مۇلازىمەت كۆزنىكىنىڭ «ئىشىكتىن كىرىش ئاسان بولۇش، چىرايىنى ئاچماسلىق، ئىش بېجىرىش قىيىن بولۇش» قاتارلىق ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى دەرھال تۈزىتىدىغان مەسىلە قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە، ساغلاملىق كومىتېتى ئىشنى داۋالاشتىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈزىتىشتىن باشلاپ، ئاممىغا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدۇردى. شىنجاڭ ئايرودرومۇم (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى يولۇچىلارنىڭ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشىغا قولايلىق يارىتىشنى زىچ چۆرىدەپ، ئەلرايىغا ئۇيغۇن بولغان، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزىدىغان ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىپ، «بوشلۇق ئاممىۋى قاتنىشى» ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى تورى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ئايرودرومنىڭ مۇلازىمەت - كاپالەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، قايتا سەپەرگە ئاتلىنىش، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش. باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشەنچنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا يېڭى دەۋرگە جاسارەت بىلەن ئاتلىنىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەيدۇ.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# كۇڭ چىڭسەن: مۈرىسى بىلەن توپنى تىرەپ، ھاياتى ئارقىلىق زەربىدار قىسىمنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يول ئېچىش



كۇڭ چىڭسەننىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جىنەن، 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ جى) شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرى لىچېڭ رايونى ۋاڭ شېرىن كوچىسى ۋاڭ شېرىن كەنتىدە، جۇڭگو خەلق پىدائىي ئارمىيەسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك كۈرەش قەھرىمانى كۇڭ چىڭسەننىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئىنقىلابىي قۇربان كۇڭ چىڭسەننىڭ جىيەنى كۇڭ فەنچياڭنىڭ ئۆيىدە «خەلق قەھرىمانى» دېگەن خەت يېزىلغان لەۋھە تاختىسى ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا.

«بۇ لەۋھە تاختىسىغا 60 يىلدىن ئاشتى، بۇ، ھەم پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قەھرىمان قۇربانىنى تەقدىرلىگەنلىكى ھەم مېنىڭ بوۋام كۇڭ چىڭسەننى چوڭقۇر ياد ئەتكەنلىكىم» دېدى كۇڭ فەنچياڭ مۇخبىرغا.

كۇڭ چىڭسەن، 1926 - يىلى ۋاڭ شېرىن مەھەللىسىدىكى بىر نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان، 1948 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان، 27 - جۈن 92 - پىيادە ئەسكەر توپچىلار لىيەنىنىڭ باش توپچىسى، بەنجاڭى بولغان. كېيىن جىنەن ئۇرۇشى، خۇەيخەي ئۇرۇشى، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش ئۇرۇشى قاتارلىقلارغا قاتناشقان. 1949 - يىلى ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1950 - يىلى 11 - ئايدا، كۇڭ چىڭسەن جۇڭگو خەلق پىدائىي ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ، 27 - جۈن 80 - شى توپچىلار تۈەنى 92 - توپچىلار لىيەنى 5 - بەننىڭ بەنجاڭى بولغان. ئۇ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق جېڭىگە قاتنىشىپ، چاۋشيەن جەڭ مەيدانىنىڭ شەرقىي لىنىيەسىدە توسۇپ زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان. ئەينى چاغ، دەل ئامېرىكا ئارمىيەسى ئاتالمىش «چاۋشيەن ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئومۇمىي ھۇجۇمى»نى قوزغىغان ۋاقىت بولۇپ، ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي ئىدى. ئۇ قىسىمغا ئەگىشىپ يالۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كېچىلەپ تېز ئىلگىرىلەپ، شەرقىي لىنىيەدىكى تيەنيۇشۇيلىگە يېتىپ بارغان، بۇ يەرنىڭ ئامېرىكا ئارمىيەسى بېسىۋالغان شىنشىڭلى بىلەن بولغان ئارىلىقى 30 - 20 چاقىرىملا كېلەتتى. 92 - توپچىلار لىيەنى مۇشۇ يەردە بۇيرۇق كۈتۈپ، ھەممەيلەن يەڭنى تۈرۈپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلانغان.

11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، پىدائىي ئارمىيەنىڭ 9 - بىڭتۇەنى چاۋشيەننىڭ شيەنجىڭنەن داۋ (ئۆلكە) چاڭجىن جۈن (ۋىلايەت)دىكى شىنشىڭلىدا چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئامېرىكا ئارمىيەسىنى قورشاپ يوقىتىش ئۇرۇشى قىلماقچى بولغان. كۇڭ چىڭسەننىڭ بەنى ئاساسلىق ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىمنىڭ زەربىدار پىيادە ئەسكەرلەر 8 - لىيەنگە تەقسىم قىلىنىپ، زەربىدارلار قىسمىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ھىمايە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان.

جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بولغان. ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ بىر ئوت كۈچى نۇقتىسى شىددەتلىك ئوت ئاچقاچقا، 8 - لىيەن زەربىدارلار ئەترىتى توسالغۇغا ئۇچراپ، ئامېرىكا ئارمىيەسى بىلەن تىركىشىش ھالىتى شەكىللەنگەن. بۇ جەڭنى ياخشى قىلىش - قىلالماسلىق مۇشۇ ئوت كۈچى نۇقتىسىنى يوقىتىش - يوقىتالماسلىققا باغلىق بولۇپ قالغان.

كىچىك تۆپىلىك توسۇپ تۇرغاچقا، توپنى بىۋاستە ئېتىشقا ئامال بولمىغان. كۇڭ چىڭسەن زەربە بېرىش رادىيوسى 25 مېتىرلىق توپنى قارىغا ئېلىش نىشانىغا 20 مېتىرلا كېلىدىغان كىچىك تۆپىلىككە كەسكىنلىك بىلەن ئىتتىرىپ ئاپارغان ھەم دەرھال مۇز ئۈستىدە توپ ئىستەھكامى ياسىغان. ئەمما تۆپىلىكنىڭ ئۈستى پۈتۈنلەي توڭ تۇپراق بولۇپ ھەم سىلىق، ھەم قاتتىق بولغاچقا، بازا ياساشقا ئامال بولمىغان. كۇڭ چىڭسەن سول تەرەپتە بىر توپا دۆۋىسىنى كۆرۈپ، بېرىپ قاراپ ئۇنىڭ توڭلىغان تاش ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ جەڭچىلەرنى توپنى ئىتتىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىپ، ئېتىشقا تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇغان. ئەمما توپنىڭ ئوق تىرىكى يەرگە تەگمىگەچكە، ئېتىشقا ئامالسىز قالغان. بۇ ۋاقىتتا، خەندەكتىن قاچقان ئامېرىكا ئارمىيەسى شىنشىڭلىغا قاراپ چاپقان، ئەگەر ئامېرىكا ئارمىيەسى شىنشىڭلىدا يىغىلسا ئاقىۋەتى ئىنتايىن ئېغىر بولاتتى. ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي ئىدى. كۇڭ چىڭسەن ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، كەسكىن ھالدا مۈرىسى بىلەن توپنىڭ ئوق تىرىكىنى تىرەپ، قەتئىي ھالدا ئېتىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

توپ ئوقىنىڭ پارتلىغاندىكى ئوت يالقۇنىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئوت كۈچى نۇقتىسى بىتچىت قىلىنىپ، 40 نەچچە ئامېرىكا ئەسكىرى يوقىتىلغان، زەربىدار ئەترەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولى ئېچىلغان، ئەمما كۇڭ چىڭسەن توپنىڭ ئارقىغا تېپىش كۈچىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ھەم قورسىقىغا توپ ئوقى پارچىسى تېگىپ، باتۇرلارچە قۇربان بولغان.

كۇڭ چىڭسەننىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، 1952 - يىلى، جۇڭگو خەلق پىدائىي ئارمىيەسى رەھبەرلىك ئورگىنى ئۇنى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىپ، «جۇڭگو خەلق پىدائىي ئارمىيەسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك كۈرەش قەھرىمانى» دەپ نام بەرگەن ھەم ئۇنىڭ ئىسمىنى چاۋشيەن چاڭجىن كۆلى ساھىلىدىكى «پىدائىي ئارمىيە قۇربانلار خاتىرە مۇنارى»غا ئويغان.

گەرچە بوۋىسىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما كۇڭ فەنچياڭ مومىسى ھايات ۋاقتىدا دائىم ئۇنىڭدىن بوۋىسى ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلىغان ھەمدە شەندۇڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مومىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئارمىيەنى ھىمايە قىلىپ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىبار بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەندىكى تەسىرلىك مەنزىرىنى كۆرگەن. «بەزى كەنت ئاھالىلىرى ھازىرمۇ بوۋامنىڭ كۈرەش ئىش ئىزلىرى توغرىسىدىكى ئون نەچچە يىل ئاۋۋالقى باللار رەسىملىك كىتابچىسىنى يىغىپ ساقلاۋاتىدۇ، مەن بۇنىڭدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىمەن. ھازىر ئولتۇراق مۇھىتىمىز ياخشىلاندى، ئائىلە كىرىمىمىز ئۆستى، كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قەھرىمان قۇربانلارنىڭ جان پىدا قىلىپ ئىسسىق قان تۆكۈشى بەدىلىگە كەلگەن، خەلق ئۇلارنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلايدۇ» دېدى كۇڭ فەنچياڭ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)